# 337886 - بالاغەتكە يەتكەن رامزاندا روزا تۇتتىمۇ ياكى تۇتمىدىمۇ بۇنىڭدا شەك قىلغان ئايال نېمە قىلىشى كېرەك؟

## سۇئال

هازىر مەن 9 ياكى 10 ياشقا كىردىم، بالاغەتكە يەتكەن دەسلەپكى يىلدا روزا تۇتتۇممۇ ياكى تۇتمىدىممۇ بۇنى بىلمەيمەن، نېمە قىلىش توغرىسىدا شەكتە بولۇپ قالدىم، شۇ كۈنلەردىكى روزىنىڭ قازاسىنى قىلىشىم كېرەكمۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى: كېچىك ۋاقتىڭىزدىن باشلاپ روزا تۇتۇشقا ئادەتلەنگەن بولسىڭىز، ئەسلىدە سىز روزا تۇتقان بولىسىز، شەككە قارىماڭ.

ئەمما سىز روزا تۇتۇپ ئادەتلەنمىگەن بولسىڭىز، باشقىلارنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن ئەمەل قىلىسىڭىز بولىدۇ، ئائىلىدىكىلەردىن سوراپ بېقىڭ، ئەگەر ئۇلار: سىزنى روزا تۇتقان دەپ گۇۋاھلىق بەرسە، سىزگە ھېچ نەرسە كېرەك بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقى كۈچلۈك گۇماننى ئىپادىلەيدۇ، ئەھكاملار ئىشەنچكە قۇرۇلغاندەك، كۈچلۈك گۇمانغىمۇ قۇرۇلىدۇ.

پىقھى قائىدىلەردىن: كۆز قاراشنىڭ كۆپلۈكى بىلەن ئەمەل قىلىش دۇرۇس بولىدۇ.

دوكتۇر مۇھەممەد سەدقىل بەرنۇ:"قائىدىلەر توپلىمى" 7 -توم 456 -بەتتە مۇنداق دېگەن: "كۆز قاراشنىڭ كۆپلۈكىدىن بولغان مەقسەت، كۈچلۈك تەرەپنى تېپىش بىلەن كۈچلۈك گۇماندىن ئىبارەتتۇر.

قائىدىدىن ئېلىنىدىغان پايدىلار: ئىشەنچ بولمىغاندا، ھۆكۈمنى بېكىتىشتە كۈچلۈك گۇمان كۇپايە قىلىدۇ، چۈنكى كۆپ ھۆكۈملەردە كەسكىن دەلىلنىڭ تېپىلىشى قىيىندۇر".

ئىككىنچى: سىزنىڭ روزا تۇتقانلىقىڭىزغا كۈچلۈك گۇمان تېپىلمىسا، ئۇنىڭ قازاسىنى قىلىشىڭىز كېرەك بولىدۇ، چۈنكى ئەسلى قىلمىغان دەپ قىياس قىلىنىدۇ.

قۇراپى  "ئەلپۇرۇق" 1-توم 227 -بەتتە مۇنداق دەيدۇ: " روزا تۇتقان ياكى تۇتمىغانلىقدا شەكلىنىپ قالسا، روزا تۇتۇش ۋاجىپ بولىدۇ".

مۇشۇنىڭ ھەممىسى ۋەسۋەسگە سالىدىغان سۈيۈقلۇق بولمىغان ئەھۋالدا بولىدۇ، ئەگەر ۋەسۋەسگە سالىدىغان سۈيۈقلۇق بولسا ۋەسۋەسگە قارالمايدۇ،   ئۇ قىزچاقتا ھېچ نەرسە بولمايدۇ.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.